# ئەلەيكەسسالام» دېمە، «ئەلەيكەسسالام» ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالام، «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېگىن

ئەبۇ جۇرەي جابىر ئىبنى سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پىكرى ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆردۈم، ئۇ نېمە دىسە كىشىلەر شۇنى قىلاتتى، مەن: «بۇ كىشى كىم؟» دەپ سورىدىم، كىشىلەر: «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېدى، مەن ئىككى قېتىم: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!، ئەلەيكەسسالام» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلەيكەسسالام» دېمە، «ئەلەيكەسسالام» ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالام، «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېگىن! دېدى، مەن: «سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسمۇ؟» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن: سەن زىيانغا ئۇچرىغاندا دۇئا قىلساڭ ئۇنى سەندىن كۆتىرىۋىتىدىغان، قەھەتچىلىك يىلىدا دۇئا قىلساڭ ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان، دەشت-باياۋاندا مىنىدىغان ئات-ئۇلاغلىرىڭنى يۈتتۈرۈپ قويغان ۋاختىڭدا دۇئا قىلساڭ ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئاللاھنىڭ ئەلچىسمەن» دېدى، مەن: «ماڭا نەسىھەت قىلغىن» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم تىللىما» دېدى، مەن شۇنىڭدىن بۇيان ھېچقانداق ئادەمنى ھەتتا قۇل، تۆگە، قويلارنىمۇ تىللاپ باقمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق ياخشى ئىشنى كىچىك سانىما، قېرىندىشىڭغا چىرايىڭنى ئېچىپ، كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلىشىڭمۇ ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئىشتىنىڭنى پاچىقىڭنىڭ يېرىمىغىچە كەيگىن، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ، ھوشۇقۇڭغىچىلىك بولسۇن، ئىشتاننى سۆرەپ كىيىشتىن ساقلانغىن، چۈنكى بۇ ئىش تەكەببۇرلۇقتىن كېلىپ چىقىدۇ، ئاللاھ تەكەببۇرلۇقنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەگەر بىرسى سېنى ئەيىبىڭ بىلەن تىللىسا، سەن ئۇنى ئەيىبى بىلەن تىللىما، تىللىغۇچى جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

جابىر ئىبنى سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: كىشىلەر سۆزىگە مۇراجىئەت قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆردۈم، كىشىلەر ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلاتتى، مەن: «بۇ كىشى كىم؟» دەپ سورىدىم، كىشىلەر: «بۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!» دېدى، مەن ئىككى قېتىم: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!، ئەلەيكەسسالام» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلەيكەسسالام] دېمە، «ئەلەيكەسسالام» ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالام، «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېگىن! دېدى، مەن: «سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسمۇ؟» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، يەنى: مەن: كەمبەغەللىك ۋە بەختسىزلىككە يولۇققان ۋاختىڭدا يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ دۇئا قىلساڭ سەندىن ئۇ زىياننى كۆتۈرۈۋېتىدىغان، زېمىندا گىياھ ئۈنمىگەن قەھەتچىلىك يىلىدا دۇئا قىلساڭ ساڭا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان، دەشت-باياۋاندا مىنىدىغان ئات-ئۇلاغلىرىڭنى يۈتتۈرۈپ قويغان ۋاختىڭدا دۇئا قىلساڭ ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئاللاھ ئىۋەتكەن كىشىمەن» دېدى، مەن ئۇنىڭغا: «ماڭا پايدىلىق ئىشلارنى تاپىلىغىن» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم تىللىما» دېدى،مەن شۇنىڭدىن بۇيان ھېچ قانداق بىر ئادەمنى ھەتتا قۇل، تۆگە، قويلارنىمۇ تىللاپ باقمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق ياخشى ئىشنى كىچىك كۆرۈپ تاشلىما، قېرىندىشىڭغا چىرايىڭنى ئېچىپ، كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلىشقا سەل قارىما، چۈنكى ئۇ ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئىشتىنىڭنى ۋە باشقا كىيىملەرنى پاچىقىڭنىڭ يېرىمىغىچە ئۇزۇنلۇقتا كەيگىن، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ ھوشۇقۇڭغىچىلىك بولسۇن، ئىشتاننى سۆرەپ كىيىشتىن ساقلانغىن، چۈنكى بۇ ئىش تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، ئاللاھ ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەگەر بىرسى سېنى ئەيىبىڭ بىلەن تىللىسا ياكى سەن سادىر قىلغان گۇناھ ۋە يامان ئىشلار بىلەن ئەيىپلىسە، سەن ئۇنى ئەيىبى بىلەن تىللىما، ئۇنىڭ ئاقىبىتى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، بەزىسى دۇنيادا تىزلا تۇتىدۇ